# 7416 - ئاياللارنىڭ رامزان ئېيىدا ئايلىق ئادىتىنى يەنى ھەيزنى چەكلىشى توغرىسىدا

## سوئال

بەزى ئاياللار رامزان روزىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ كېيىن قازاسىنى قىلماسلىق ئۈچۈن، رامزاندا دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئايلىق ئادىتىنى يەنى ھەيزنى چەكلەشكە ئۇرىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟، ياكى ئاياللارنىڭ بۇنداق قىلماسلىقى توغرىسىدا مەلۇم بىر بەلگىلىمە بارمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئەللامە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: مىنىڭ قارىشىمچە: ئاياللار ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلاتلىرىدىن بولغان ئايال جىنسلىقلارغا بېكىتكەن يەنى تەقدىر قىلغان ئىشى بولۇپ، ئاياللار ئاللاھ تائالا ياراتقان تەبىئىتى بويىچە قىلىشى لازىم. ئاللاھنىڭ بۇ ئىشنى ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدە پەيدا قىلىشىدا ھېكمەت بولۇپ، بۇ ئاياللارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدۇ. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ نورمال داۋاملىشىۋاتقان ئايلىق ئادەتلىرىنى چەكلىگەندە، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە: **«ئۆزىڭىزگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈش توغرا ئەمەس»** دەپ بايان قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت تىببى خادىملارنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئاياللار ئىشلەتكەن بۇ دورىلار ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىغا زىيانلىق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ئايلىق ئادىتىنى چەكلەيمەن دەپ دورا ئىشلەتمەسلىكى لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى ۋە تەڭداشسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئاياللار ئايلىق ئادەت دەۋرىدە ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەن. ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن روزا بىلەن نامازنى يېڭىدىن باشلايدۇ، نامازنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ. رامزاندا تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى رامزاندىن كېيىن ئادا قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.